# پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كارۋانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ سودا قىلىشتىن ۋە شەھەرلىكنىڭ سەھرادىن كەلگەن كىشى ئۈچۈن سودا قىلىپ بېرىشىدىن چەكلىدى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كارۋانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ سودا قىلىشتىن ۋە شەھەرلىكنىڭ سەھرادىن كەلگەن كىشى ئۈچۈن سودا قىلىپ بېرىشىدىن چەكلىدى»، راۋى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «شەھەرلىكنىڭ سەھرادىن كەلگەن كىشى ئۈچۈن سودا قىلىپ بېرىشى دېگەن نېمە؟» دەپ سورىسام، ئۇنىڭ ئۈچۈن دەللال بولمىسۇن (ئوتتۇردا ۋاستە بولمىسۇن) دېگەنلىك دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساتقۇچى ياكى سېتىۋالغۇچىغا ياكى ئۇ ئىككىسىدىن باشقىلارغا زىيان بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ھارام قىلىنغان بىر قانچە تۈرلۈك سودىنى قىلىشتىن چەكلەيدۇ، بىرىنچى: ئاشلىق ياكى چارۋىلىرىنى سېتىش ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلار بازارغا يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ماللىرىنى سېتىۋېلىشتىن چەكلەش بولۇپ، ئۇلار بازار باھاسىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بەزىدە سودىلىرىدا ئالدىنىپ قىلىپ، ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ، خەتەرلەرگە دۇچ كېلىپ، ئىرىشىش يولىدا ھېرىپ-چارچىغان رىزىقلىرىنىڭ بىر قىسمىدىن مەھرۇم بولۇپ، ئۇلارنىڭ تاۋارلىرى ھېچ بىر جاپا تارتمىغان كىشىنىڭ تەييار رىزىقى بولۇپ قالىدۇ، ئىككىنچى: يېزا ياكى سەھرادىن كەلگەن كىشى ئۆزىنىڭ تاۋارلىرىنى شۇ كۈنلۈك باھادا ياكى ئۆزى ئېھتىياجلىق ۋە ھاجىتىگە يەتكۈدەك باھادا سېتىش ئۈچۈن شەھەرگە كېلىدۇ، شەھەرلىك ئادەم ئۇنىڭغا: «ساتىدىغان نەرسەڭنى مېنىڭ يېنىمدا قويۇپ قويغىن، مەن ئالدىرماي باھاسىغا چىقىرىپ سېتىپ قوياي» دەيدۇ، بۇ شەھەر خەلقىگە زىيان يەتكۈزگەنلىكتۇر، شەرىئەت شەھەر سىرتىدىن مال ساتقىلى كەلگەن كىشىنىڭ ھەققىنى ۋە شەھەر ئەھلىنىڭ ھەققىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5847

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee